# شەھەر تۇرمۇشى قىزىپ كەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېز يوللانمىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر ئاھالىسى ۋېي چېن يەتتە ياشلىق قىزىنى ئېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا كەلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 500گە يېقىن مەدەنىيەت مەيدان ـ سارىيىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيمۇ 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېچىلىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.

سائەت 12دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئالدىن كېلىشكەن شەھەر ئاھالىلىرى بىر ـ بىرلەپ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەتكەندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇردى. «مەن دائىم بالامنى مۇزېيغا، گۈزەل سەنئەت سارىيىغا ئاپىرىمەن، بالىنى يېقىن ئارىلىقتىن تارىخ بىلەن ‹ئۇچراشتۇرغاندا›، تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت تەربىيەسىگە ئېگە قىلغىلى بولىدۇ» دېدى ۋېي چېن.

بىلىپ ـ بىلمەيلا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، سائەت 14تە، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىسى لى مېيچېن خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە يەنە كونا جاي ـــ شېنجېن شەھەرچىسىنىڭ 6 ـ قەۋىتىگە جايلاشقان دوپپا كوچىسى مەززىلىك تائاملار شەھەرچىسىگە كىردى. لۇڭخي گوكۇي، ئىلى ۋەنزىتاڭى... بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملىرى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. مەززىلىك تائاملار شەھەرچىسىگە كىرىش ئېغىزىدىكى بىر مېتىر ساقلاش سىزىقى سىرتىدا، كىشىلەر تاماق بۇيرۇتۇپ، زاكاز قىلىپ، بىر ئادەم بىر جوزىدا ئولتۇرۇپ، مەززىلىك تائاملار ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقتىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندى.

«بۇ بىزنىڭ چۈشلۈك تاماق ‹بازىمىز›، ھازىر ھەر كۈنى تونۇش تائاملارنى يېيەلەيمىز!» دېدى لى مېيچېن.

نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىسى ۋە سودىگەر ئاساسىي جەھەتتىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىمۇ قىزغىن، قايناق، جانلىق كەيپىياتقا چۆمدى.

مەززىلىك تائاملارغا ئوخشاشلا كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنىدىن يەنە گۈزەل مەنزىرىلەر بار. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق باغچىسىدا، ئىللىق قۇياش نۇرىدا كىشىلەر قېلىن كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەندى. ئاستا يۈگۈرۈۋاتقان، تېز مېڭىۋاتقان، سەيلە قىلىۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرىنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. قارتا ئويناۋاتقان بوۋايلار ئارىسىدا پات ـ پات خۇشال كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى؛ تىكتاك توپ ئۇستىلى يېنىدا، «ياخشى توپ!» دېگەن ئالقىش سادالىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

سائەت 17دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق كىنوخانىسىدا، «خاتا ئۆلتۈرۈش» «ھايۋانات ئالاھىدە خادىملىرى ئىدارىسى» «ئازادلىق . ئاخىرقى قۇتقۇزۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ فىلىم تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سالدى.

سائەت 20دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، تۈن پەردىسى يېيىلدى. بۇ چاغدا چېن خۇا ئەڭ ئاخىرقى بىر تېز يوللانمىنى ئەمدىلا يەتكۈزۈپ بولدى؛ ۋېي چېننىڭ قىزى «مۇزېي ساياھەت خاتىرىسى»نى يازماقتا. لى لۇلۇ يەنە تىرناق گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىدا ئالدىراش ئىشلىمەكتە...

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ كۈنى ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئۈرۈمچى ـ لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى ئاپتونوم رايونىنىڭ «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىدىكى «ئالتە توغرىسىغا، ئالتە ئۇزۇنىسىغا» تاشيول تورى ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، باشلىنىش نۇقتىسى ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالدىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتە، ئاخىرقى نۇقتىسى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە، ھەم لوپنۇر ـ 35 ـ تۇەن تاشيولى تورى بىلەن ئۇلىنىدۇ، تور مۇساپىسى 318.5 كىلومېتىر؛ G315 لىنىيەسىدىكى يېتىمبۇلاق ـ چاقىلىق تاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يېتىمبۇلاق بازىرىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر شەرقىدە، ئاخىرقى نۇقتىسى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، ھازىرقى G218 لىنىيەسى بىلەن تۇتىشىپ، چاقىلىق ـ نىيە بۆلىكىدىكى تاشيول تورىغا ئۇلىنىدۇ، يول لىنىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 295.44 كىلومېتىر؛ G575 لىنىيەسىدىكى باركۆل ـ قومۇل تاشيولى شىمالدا تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىدىن باشلىنىپ، G7 بېيجىڭ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدىكى كۈيسۇ تۇتاشتۇرۇش لىنىيەسىگە تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا G213 لىنىيەسى بىلەن لىنىيەسى كېسىشكەن يول ئېغىزىدا S235 لىنىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ، يول لىنىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 76 كىلومېتىر.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىرى جېڭ مىڭچۈەن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسى 54 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملىق قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 35، يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 14. بۇ يىل ئىچىدە يېڭىدىن ياسىلىدىغان، ئۆزگەرتىپ ياسىلىدىغان دۆلەت، ئۆلكە غول لىنىيەسىدىن 1482 كىلومېتىرى تاماملىنىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول 5500 كىلومېتىردىن ئاشۇرۇلىدۇ، ئۈچ ناھىيەگە يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 ـ دەرىجىلىك) يول تۇتاشتۇرۇلۇپ، بارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك تاشيوللىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، 10 مىڭ كىلومېتىر يېزا تاشيولى يېڭىدىن ياسىلىدۇ، ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ.

تۈر قۇرۇلۇشىدا ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى ھەرقايسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنى ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىش، ئاپتوموبىل ھۆددىگە ئېلىش، مەخسۇس پويىز قاتارلىق «نۇقتىدىن نۇقتىغا» يەتكەش شەكلى ئارقىلىق قۇرۇلۇش قىلىدىغان خادىملارنى ئىش ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە ماسلاشتۇرۇپ تەشكىللىدى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قومۇل شەھىرى قاتارلىق جايلار تۈر قۇرۇلۇشى ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىشى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا كىرىشىنى ئاكتىپ ماسلاشتۇردى. ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى داۋاملىق قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان 35 تۈردە ئارقا ـ ئارقىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 28 تۈردە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئومۇمىيۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىكەن، قالغان تۈرلەردە ھاۋا رايى ئامىلى سەۋەبىدىن 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئومۇمىيۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىكەن.

# ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل ئون ئايرودورۇم تۈرىنى يېڭىدىن قۇرىدۇ، داۋاملىق قۇرىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈردىن بەشى بولۇپ، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا ئايرودورۇملىرىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، كېرىيە، موڭغۇلكۈرە ئايرودورۇمى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بەش تۈرگە جەمئىي 3 مىليارد 740 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولۇپ، 2020 ـ يىلى 1 مىليارد 950 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش پىلانلاندى. نۆۋەتتە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانى تۈزۈلۈپ، ھەرقايسى تۈرلەردىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇش مەيدانلىرىغا كىردى.

شىنجاڭ ئايرودورۇم گۇرۇھى قۇرۇلۇش قىلىشنى تەشكىللەش لايىھەسىنى ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق، يىل بېشىدا تۈزگەن پىلاننى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، كېرىيە ئايرودورۇمى قۇرۇلۇشى جۇڭگو پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايون يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقان تۈر بولۇپ، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە يىل ئاخىرىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ غۇلجا، ئاقسۇ ئايرودورۇملىرىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ئىككى ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 7 ـ، 8 ـ ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇ چاغدا، غۇلجا ئايرودورۇمى خەلقئارا پورت ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈردىن بەشى بولۇپ، تۇرپان ئايرودورۇمى ئۈچۈش رايونىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، تاشقورغان، گۈچۈڭ، بايىنبۇلاق، باركۆل ئايرودورۇملىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈرلەرگە جەمئىي 4 مىليارد 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولۇپ، 2020 ـ يىلى 1 مىليارد 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش پىلانلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان ئايرودورۇمىنىڭ ئۈچۈش رايونىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تۈردە 6 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باشلاش پىلانلىنىپ، مۇشۇ يىلدا ئىشقا كىرىشتۈرۈش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ تاشقورغان تۈردە شۇ جاينىڭ كىلىمات شارائىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىش باشلاش پىلانلاندى؛ باشقا ئۈچ تۈر ھازىر تۈر تۇرغۇزۇش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش باسقۇچىدا بولۇپ، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىش باشلاش پىلانلاندى.




# ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ قەھرىمان بۆلۈم باشلىقى جياڭ ۋەنخەي

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لى خاۋ)** شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يىجۈن ناھىيەسىدىكى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكتىن «ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ قەھرىمان بۆلۈم باشلىقى» دەپ ئاتالغان بىر ئىنقىلابىي قەھرىمان ـــ جياڭ ۋەنخەي چىققان. ئۇرۇش يىللىرىدا، ئۇ دۈشمەن ئىشپىيونلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغدىغان؛ تىنچلىق يىللىرىدا، ئۇ نېفىت سانائىتى سېپىدە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.


جياڭ ۋەنخەينىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

جياڭ ۋەنخەي، 1919 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يىجۈن ناھىيەسى شىسۈن يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، يىجۈن ناھىيەسى شباۋ كەنتىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، جياڭ ۋەنخەي شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا بېرىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جياڭ ۋەنخەي ئۇزاق مەزگىل جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوغداش ۋە ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جياڭ ۋەنخەي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، گۈەنجۇڭ شۆبە رايونى شىنجېڭ ناھىيەلىك ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، ياۋشيەن ناھىيەلىك ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، چىشۈي ناھىيەلىك ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

چېگرا رايوندىكى ئەڭ ياش بۆلۈم باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جياڭ ۋەنخەي دائىم ئۆزى يالغۇز دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تۈرلۈك ئاخباراتلارنى توپلىغان ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە 8 ـ ئارمىيە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان دورا بۇيۇملىرى، راتسىيە، ئوق ھەمدە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن. يولداش شى جۇڭشۈن ئۇنى «چېگرا رايونىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش كادىر» دەپ ماختىغان.

ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جياڭ ۋەنخەي شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى گۈەنجۇڭ ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، سەنيۈەن ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئامانلىق باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، باۋجى مەخسۇس رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

خۇ زۇڭنەن يەنئەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، چېگرا رايون ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جياڭ ۋەنخەي يولداش يۈ ساڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىمالىي شەنشىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم ئاخبارات يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەن، بۇنىڭ ھەربىي يۈرۈش لىنىيەسى ئۈچۈن زور ياردىمى بولغان، يولداش پېڭ دېخۇەي ئۇنى: «جياڭ ۋەنخەي ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ قەھرىمان بۆلۈم باشلىقى!» دەپ ماختىغان.

شىئەننى ئازاد قىلىش ئوق ئاۋازى تېخى توختىمىغاندا، تەشكىل جياڭ ۋەنخەينى دەرھال باۋجىغا ئەۋەتىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. ئارقىدىنلا، جياڭ ۋەنخەي يەنە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىپ شىئەنگە قايتىپ، 30 نەپەر ياش قوغداش كادىرىنى باشلاپ، چىلىيەنشەن تېغى ئېتىكىگە بېرىپ يۇمېن نېفىت كېنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ھەربىي ۋەكىل، قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جياڭ ۋەنخەينىڭ ئۇرۇش ھاياتى ئاخىرلاشقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جياڭ ۋەنخەي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، جۇڭگو نېفىت شىركىتى گەنسۇ ـ چىڭخەي شۆبە شىركىتى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ھەربىي ۋەكىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى، يۇمېن نېفىت ـ كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، يۇمېن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 3 ـ شۇجىسى، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، خۇبېي ئۆلكىلىك «7 ـ ماي» نېفىتلىكى بىرلەشمە جېڭى قوماندانلىق ئىشتابى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، چاڭچىڭ نېفىتلىكى بىرلەشمە جېڭى قوماندانلىق ئىشتابى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن قوماندان، غالبىيەت نېفىتلىكى قوماندانلىق ئىشتابى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە شەرقىي جۇڭگو نېفىت شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىقى نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى ئىلمىي تەتقىقات يۇرتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىقى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جياڭ ۋەنخەي دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت سانائىتى سېپىگە گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غالبىيەت نېفىتلىكى چوڭ بىرلەشمە جېڭى، جياڭخەن نېفىتلىكى چوڭ بىرلەشمە جېڭى، چاڭچىڭ نېفىتلىكى چوڭ بىرلەشمە جېڭى قاتارلىقلارغا قوماندانلىق قىلغان، رەھبەرلىك قىلغان. يۇمېن نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغان مەزگىلدە، ئۇ داچىڭ نېفىت بىرلەشمە جېڭىگە ياردەم بېرىشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، «ئاۋۋال باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ئاندىن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇمېندىن نېفىت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ئەۋەتىپ، تۈرلۈك ئۈسكۈنىلەرنى يۆتكەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نېفىت چوڭ بىرلەشمە جېڭىگە كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۆگىنىدىغان «يۇمېن ئۇسلۇبى»غا ئايلانغان.

جياڭ ۋەنخەي 1984 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان، 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

جياڭ ۋەنخەينىڭ يۇرتىدا، ئۇنىڭ روھى شۇ جايدىكى كادىرلار، ئاممىنى ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ يەردە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈزبەردى، ئالما، جۆگىي دورا ماتېرىياللىرى، كۆممىقوناق، ياڭاق قاتارلىق كەسپلەر زورىيىپ، كۈچىيىپ، شۇ جايدىكى ئاممىغا سىجىل مۇقىم كىرىم ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

# خەلق ساقچىسى جاڭ ۋېيخۇا: خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۈچ نەپەر ئاممىنى قۇتقۇزۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لياڭ جيەنچياڭ)** ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، بىر خەلق ساقچىسى قانداق قىلىشنى تاللايدۇ؟ خۇبېيلىق خەلق ساقچىسى جاڭ ۋېيخۇانىڭ جاۋابى: ھاياتلىق ئۈمىدىنى ئاممىغا قالدۇرۇش. يېقىندا، خۇبېي جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانات يايدۇرغان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، جاڭ ۋېيخۇانىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، ئۈچ نەپەر ئاممىنى قۇتقۇزغان ئىش ئىزى توختىماي تىلغا ئېلىندى.

1976 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان جاڭ ۋېيخۇا 1999 ـ يىلى خۇبېي جامائەت خەۋپسىزلىكى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ساقچى بولغان. ھايات ۋاقتىدا جاڭ ۋېيخۇا خۇبېي ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتناش ساقچى باش ئەترىتى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول باشقۇرۇش تارماق ئەترىتى 5 ـ چوڭ ئەترىتى 2 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ساقچى باش ئەترىتى 2 ـ تارماق ئەترىتى خۋاڭمېي چوڭ ئەترىتى)نىڭ ساقچىسى ئىدى.

2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شاڭخەي ـ چۇڭچىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى جىيىزدۇن ئۆلكە ئارا ھەق ئېلىش پونكىتىنىڭ ئەتراپىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان جاڭ ۋېيخۇا چارلاپ ھەق ئېلىش پونكىتىنىڭ كىرىش ئېغىزىغىچە كەلگەن. تۇساتتىن، لىق يۈك بېسىلغان بىر چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى ئۇچقاندەك كەلگەن. ھەق ئېلىش پونكىتىغا تەخمىنەن 200 مېتىر كېلىدىغان ئورۇندا چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ سۈرئىتى يەنىلا ئاستىلىماي، ئەكسىچە بارغانسېرى تېزلىشىپ كەتكەن.

ئەھۋالنىڭ جاتاق ئېكەنلىكىنى بايقىغان جاڭ ۋېيخۇا دەرھال ئاپتوموبىلنى توختىتىش قول ئىشارىتى قىلغان. ئەمما بۇ ئاپتوموبىل توختىمايلا قالماي، بەلكى ھەق ئېلىش پونكىتىدا قۇرۇلۇش قىلىش سەۋەبىدىن ۋاقىتىنچە ئېتىۋېتىلگەن 6 ـ ئۆتۈشمە يولغا بىۋاسىتە ئېتىلىپ كەلگەن.

شۇ چاغدا، بىرنەچچە ئىشچى قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان بولۇپ، كېلىۋاتقان خەۋپنى قىلچە سەزمىگەنىدى.

«تېز قېچىڭلار!» جاڭ ۋېيخۇا شۇئان يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىغان، ئىككى ئىشچى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان يۈك ئاپتوموبىلنى كۆرۈپ، دەرھال بىخەتەر رايونغا قاراپ يۈگۈرگەن.

ئەمما قۇرۇلۇش شاۋقۇنىنىڭ تەسىرىدە، ئىشچى خۇڭ ليۇخۇەي ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىمىغان. چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى بارغانسېرى يېقىنلاشقان، جاڭ ۋېيخۇا خەتەرگە قارىماي، خۇڭ ليۇخۇەيگە قاراپ يۈگۈرگەن ھەم ئارقا ـ ئارقىدىن ۋارقىرىغان.

قولىدىكى قۇرۇلۇش گۈرجىكىنى تاشلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن خۇڭ ليۇخۇەي ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلاپلا بۇرۇلۇپ يېنىدىكى ئايرىش گۈندىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ خەتەردىن قۇتۇلغان.

ئەمما، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كونتروللۇقنى يوقاتقان چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى ئايرىش گۈندىسىغا قاتتىق سوقۇلغان، ئاپتوموبىل ناھايىتى تېزلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئاپتوموبىلدىكى 15 توننا خالتىغا قاچىلانغان ياڭيۇ يەرگە چۈشۈپ، جاڭ ۋېيخۇانى بېسىۋالغان. جاڭ ۋېيخۇانىڭ ياش ھاياتى مەڭگۈ 26 ياشتا توختاپ قالغان.

جاڭ ۋېيخۇا خەتەرلىك ئەھۋالنى بايقىغاندىن تىراگېدىيە يۈزبېرىشكىچە بولغان ئارىلىق پەقەت ئۈچ سېكۇنتلا بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بولمىسا، بىرنەچچە ئىشچى بۇ ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان بولاتتى.

خەتەرلىك پەيتتە، جاڭ ۋېيخۇا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاياتلىق ئۈمىدىنى ئاممىغا قالدۇرۇپ، ھاياتى بىلەن «خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ئۈچۈن» دېگەن مۇقەددەس جاۋابنى تاپشۇردى. 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، جاڭ ۋېيخۇاغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلدى.

جاڭ ۋېيخۇا روھىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە، خۋاڭمېي چوڭ ئەترىتى كۆپ قېتىم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خۇبېي ئۆلكىسىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئۈلگىلىك ئورۇن، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يول قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار چوڭ ئەترەت، خۇبېي ئۆلكىسى بويىچە ئىلغار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاساسىي قاتلام ئورنى قاتارلىق شەرەپلىك ناملار بىلەن باھالاندى ھەم ئۇدا ئۈچ يىل «مەملىكەت بويىچە ياشلار مەدەنىي ئورنى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

«ئۇ ئەترىتىمىزدىكى قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق، مەيلى ئىلگىرىكى 5 ـ چوڭ ئەترەت 2 ـ ئوتتۇرا ئەترەت بولسۇن، ياكى ھازىرقى خۋاڭمېي چوڭ ئەترىتى بولسۇن، بىز باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ قەھرىمانلىق روھى بويىچە، ئۆزلۈكسىز جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز» دېدى جاڭ ۋېيخۇانىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەپدىشى، خۇبېي ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ساقچى باش ئەترىتى 2 ـ تارماق ئەترىتى خۋاڭمېي چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى يۈەن چياڭ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)